IV

| | | |
|---|---|---|
| ئەمەس (مىز)<br>ئەمەس (سىلەر)<br>ئەمەس (تۇر) | جۇڭگولۇق | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار |
| (مىز)<br>(سىلەر)<br>(تۇر) | شەرقىي تۈركىستانلىق | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار |

**تېكست**

I

مەن يېڭى ئوقۇغۇچى (مەن). سىزمۇ يېڭى ئوقوغۇچى (سىز). بىز ناھايىتى ئىناق (مىز).

II

بۇ ئەپەندى – داۋۇت. ئۇ ئۇيغۇر، ئۇ دوختۇر. بۇ ئەپەندى – سەكەن، ئۇ قىرغىز. ئۇ شوپۇر. بۇ ئەپەندى – زەينەش. ئۇ قازاق. ئۇ ناخشىچى. ئۇلار بىزنىڭ كونا ساۋاقداش.

III

مەن دوختۇر ئەمەس (مەن)، ئۇلارمۇ ئىشچى ئەمەس (تۇر). بىز ئوقۇتقۇچى (مىز). بىزنىڭ تۇرمۇش يامان ئەمەس (تۇر). بىز تۈركىيدىكى ئىنسانلاردەك بەختلىك ياشاشنى ئاززۇ قىلىمىز.

**يېڭى سۆز ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| İkinci | ئىككىنچى |
| Sen | سەن |
| Sizler | سىلەر |
| Han (Etnik Grup) | خەنزۇ |
| Efendi,Bey | ئەپەندى |
| Davut | داۋۇت |
| Doktor | دوختور |
| Seken | سەكەن |

| | |
|---|---|
| Kırgız | قىرغىز |
| Şoför | شوپۇر |
| Zeyneş | زەينەش |
| Kazak | قازاق |
| Şarkıcı | ناخشىچى |
| Eski | كونا |
| Sınıf arkadaş | ساۋاقداش |
| Hayat | تۇرمۇش |
| Mutlu | بەختلىك |
| İstemek, arzu et- | ئارزۇ قىلماق |
| Gibi | دەك، تەك |

## گرامماتىكا

### 1- سۆز تۈركۈمى ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، ئالماش، رەۋىش، پېئىل، تەقلىد،ئىملىق سۆز، تىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 21 سۆز تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

| مىسال | ئىزاھات | سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئىسىملىرى |
|---|---|---|
| ئوقۇغۇچى كىتاب | شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈردىغان سۆز تۈركۈمى | ئىسىم |
| يېڭى چوڭ | شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈردىغان سۆز تۈركۈمى | سۈپەت |
| ماڭ- ئولتۇر- | شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى | پېئىل |
| بىر بىرىنچى | شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى | سان |

| | | |
|---|---|---|
| دانە قېتىم | شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى | مىقدار |
| بۈگۈن ناھايىتى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ | رەۋىش |
| سىز، قانداق قانچە | جۈملىدە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى | ئالماش |
| ئۈچۈن | ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ | تىركەلمە |
| ۋە | سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ھەم قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ | باغلىغۇچى |
| پاھ | ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا (ئىشارەت) ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى | ئىملىق سۆز |
| مۇ | سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ | يۈكلىمە |
| ھا-ھا-ھا | شەيئىنىڭ ھالىتى، ئاۋازى ۋە سېزىمىنىڭ كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى، ھېسسىي سېزىمى ئارقىلىق تەپەككۇردا ئەكس ئەتكەن ئىنكاس | تەقلىد |

**2-جۈملە**

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، نىسپىي ئاياغلاشقان ئوي- پىكرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەسىلەن:**

- بۇ كىتاب ياخشىمۇ؟
- ياخشى.
- ئۇلار ئوقۇغۇچى.
- ئاپلا، مەن كىرمىسەم بوپتىكەن – ھە!
- بۇ لۇغەت ئايشەمنىڭ.

**3- شەخس ئالماش**

شەيئىلەرنى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى (ئۆزگە) نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان ئالماشلاردۇر.



<table dir="rtl">
<tr><td rowspan="2">I - شەخس</td><td colspan="2">بىرلىك</td><td>مەن</td></tr>
<tr><td colspan="2">كۆپلۈك</td><td>بىز</td></tr>
<tr><td rowspan="6">II - شەخس</td><td rowspan="3">بىرلىك</td><td>ئاددىي تۈر</td><td>سەن</td></tr>
<tr><td>سىپايە تۈر</td><td>سىز</td></tr>
<tr><td>ھۆرمەت تۈرى</td><td>سىلى (ئۆزلىرى)</td></tr>
<tr><td rowspan="3">كۆپلۈك</td><td>ئاددىي تۈر</td><td>سىلەر</td></tr>
<tr><td>ھۆرمەت تۈرى</td><td>ھەر قايسىلىرى، ھەر بىرلىرى</td></tr>
<tr><td>سەنلىمە تۈر</td><td>سەنلەر</td></tr>
<tr><td rowspan="2">III - شەخس</td><td colspan="2">بىرلىك</td><td>ئۇ</td></tr>
<tr><td colspan="2">كۆپلۈك</td><td>ئۇلار</td></tr>
</table>

4- جۈملە تىپى بويىچە مەشقتە تىرناق ئىچىدىكى «مەن، سەن» خەۋەر رايىنىڭ ھازىرقى زامان باغلىغۇچى ھۆكۈم پېئىلى، دەپ ئاتىلىدۇ. خەۋەر رايىنىڭ ھازىرقى زامان باغلىغۇچى پېئىلى ئىسىم، سۈپەت ياكى سان قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

① بىز ئوقۇغۇچىمىز.

② بۇ مەكتەپتۇر.

③ بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشىدۇر.

④ ئوقوغۇچى ئوندۇر.

ئىزاھات: ئادەتتە قىسقارتىلىدۇ. يەنى دۇر (تۇر) قىسقارتىلىدۇ.

① بىز ئوقۇغۇچى.

② بۇ مەكتەپ.

③ بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى.

④ ئوقۇغۇچى ئون.

5- « ئەمەسمەن، ئەمەسسەن» بولسا خەۋەر رايىنىڭ ھازىرقى زامان باغلىغۇچى ھۆكۈم پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلىدۇر.



① مەن ئۇرۇمچىلىك ئەمەسمەن.

② بۇ بىزنىڭ كىتاب ئەمەستۇر.

③ بۇ دەرس قىيىن ئەمەستۇر.

④ بىز ئون ئەمەسمىز.

ئىزاھات: ئادەتتە ` ئەمەس`نىڭ كەينىدىكى مەن، سەن قىسقارتىلىدۇ. يەنى دۇر (تۇر) قىسقارتىلىدۇ.

① مەن ئۇرۇمچىلىك ئەمەس.

② بۇ بىزنىڭ كىتاب ئەمەس.

③ بۇ دەرس قىيىن ئەمەس.

④ بىز ئون ئەمەس